# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(13)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

13



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
تۇرغۇن تۇنىياز
ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (13)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد- تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن- تېخنىكا باغچە يولى 5- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2016 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە - چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 -
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقىتلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز - خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشى-
گە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ، زېيىنى-
غا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قول-
چوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قىساس - ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چىۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۇگۇن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل ـــ لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ،
باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، يا-
ساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ
رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا-
دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ.
بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان
ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيومىلار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردا-
نىلىرى — ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي
ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قا-
تارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ
بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە
يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملى-
شىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا،
يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ
يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى — ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا
كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي
چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن
باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئى-
گىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك

www.uyghurkitap.com

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۇزۇكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگە-
شىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۇۋرۇك ۋە ئا-
ساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن
ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تې-
خىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان هالدا تو-
قۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە
يېڭى تۇس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپى-
لىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۇتمەس ـ تۇگىمەس
خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۇرۇش 10 قىسىم «سەلەي چاققان
لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم يانداشتۇرۇپ
ئوقۇرمەنلەرنىڭ هۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ
پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەهمەد ياراتقان
پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن
سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار،
رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۇمىد قىلىمىز هەم
بۇ بىر يۇرۇش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن
بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاهىدە رەهمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


ئەتە ئاغرىپ قالىمەن ........ 2
ئۆيۈمگە كەتكىنىم تۈزۈك ........ 4
تېپىلىپ قالدىم ........ 6
مېنىڭ قۇلىقىم گاس ........ 8
بىزنىڭ ئۆي ئىشىك ئالدىدا ........ 10
ياقىسىغا چىگىپ قويسىلا ........ 12
چاتاق چىقمايدۇ ........ 14
ئىككىلىسى توققۇز سەر ........ 16
بىر كۆزۈم چاتاق ........ 18
50 داچەن بەرسەم بولار ........ 20
بويۇم يەتمىسە ........ 22
بىزنىڭ ئۆيگىلا كەلسە قانداق؟ ........ 24
ئۇ قانداق قىلاركىن؟ ........ 26
ئۆتنىگە لاپقۇت ........ 28
ئۆيىمىزگە ئوت كەتكەندە ........ 30
مانا بۇگۇنلا چىقتى ........ 32
ئىككى خىل مۇھىملىق ........ 34
قانچە پۇل ئىكەن؟ ........ 36
مۇنداق چاغلاردا ........ 38
يېڭىلىق يارىتىش ........ 40

# ئەتە ئاغرىپ قالىمەن

سەلەي چاقىقان مەھكىمىدە شەرئىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۆنلەردە قازىنىڭ شەخسىي تېۋىپىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا:

— تېۋىپ، مەن ئەتە ئاغرىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ئىككى قۇر ئارام ئېلىش ئىجازەتنامىسى يېزىپ بەرگەن بولسىلا، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— قىزىق ئىكەنلا سەلەيكا، ئەتە ئاغرىپ قالىدىغانلىقلىرىنى قانداق بىلدىلا؟ — دەپتۇ تېۋىپ.

— قازىدىن پەرمان چۈشتى. ئەتىدىن باشلاپ قومۇش ئورىغىلى سوخۇ[1] غا چىقىدىكەنمىز، شۇنىڭدىن بىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاقىقان كۈلۈپ تۇرۇپ.



[1] سوخۇ — (ساۋخۇنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى) قەشقەر يېڭىشەھەردىكى جاي ئىسمى.



# ئۆيۈمگە كەتكىنىم تۇزۇك

سەلەي چاققان مەھكىمە شەرئىدە پۇتۇكچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئىشنى ئادىل قىلغاچقا، كۈندىن - كۈنگە ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇ. بۇنىڭغا ھەسىتى كەلگەن قازى بىر كۈنى سەلەي چاققاننى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئىشتىن بوشاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. سەلەي چاققان خاپا بولماي، خوشلىنىپ ئىشىككە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان قازى:

— سەلەي ئاخۇن، سىلىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن تۇرسام، خاپا بولماقتا يوق، مەن بىلەن خوشلىشىۋاتىدىلىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىلىگە ئەقىل ئۆگىتىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولىدىكەنمەن، بۇنىڭدىن كۆرە، ئۆيۈمگە كەتكىنىم تۇزۇك، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟





# تېپىلىپ قالدىم

ئىلخۇ، تۇرپانلارنى ئايلىنىپ سەپەردىن قايتىپ كەلگەن سەلەي چاققان مەھەللىگە كىرىشى بىلەن تەڭلا، يۇرت ئەھلى ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىر كىشى:

— سەلەيكا، ئۇزاق بولدى، يوقاپ كەتتىلە، سىلىدىن تولىمۇ ئەنسىرىدۇق، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت. راست، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئۆزۈمدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم، بەختىمگە يارىشا تېپىلىپ قالدىم، — دەپتۇ.





# مېنىڭ قۇلىقىم گاس

سەلەي چاققان ئۆيىدە سېۋەت توقۇپ ئولتۇرسا، مەھەللىدىكى بىر كۇلالچى كىرىپ كەپتۇ-دە، «ئۇ ئۇنداق، بۇ مۇنداق» دەپ غەيۋەت-شىكايەت باشلاپتۇ. ئەمما، سەلەي چاققان پەرۋايىغا ئالماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن كۇلالچى:

— ۋاي سەلەي ئاخۇن، مەن سىلىگە گەپ قىلىۋاتامدىمەن، تام-تورۇسقىمۇ؟ سىلىمۇ بىرنەرسە دېمەملا؟ — دەپتۇ رەنجىپ.

— توغرا، بۇ گەپلەرنى مەن تۇگۇل، تام-تورۇسمۇ ئاڭلىمايدۇ. بۇ گەپلەرنى غەيۋەت بازىرىغا ئاپىرىپ ساتسىلا، مېنىڭ قۇلىقىم گاس، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# بىزنىڭ ئۆي ئىشىك ئالدىدا

سەلەي چاققان باينىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۆيىگە بېرىشقا چولىسى تەگمەپتۇ.

ئۇ باينىڭ ئويناپ يۈرگەن كىچىك بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى خوتۇنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن، باينىڭ بالىسى ھۇرۇنلۇق قىلىپ:

— سەلەيكا، سىلىنىڭ ئۆي نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆينى تېخىچە بىلمەملا؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىزنىڭ ئۆي بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا.





## ياقىسىغا چىگىپ قويسىلا

بىركۈنى سەلەي چاققان ئەل ـ جامائەت بىلەن بىر تويدا ھەمداستىخان بولۇپ قاپتۇ. يوغان سەرپۇش تۇماقنى كۆزىگە كەلگۈچە كىيىۋالغان بىر سوپى ـ ئىشان مەسخىرە ئارىلاش:

— سەلەي ئاخۇن، بېشىمدىكى تۇماق دائىم كۆزۈمگە چۈشۈۋالىدۇ، قانداق قىلسام بېشىمدا تۇرار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنسىتمەي، — تۇماقلىرىنىڭ ئارقىسىنى يىپتا باغلاپ، چاپانلىرىنىڭ ياقىسىغا چىگىپ قويسىلا!





# چاتاق چىقمايدۇ

بىر يىلى ھەزرەت سەيلىسىدە، سەلەي چاققان بىر مەپىكەش ئاغىنىسى بىلەن بىللە قاۋاقخانىغا كىرىپ مەي ئىچىپتۇ. سەلەي چاققان ئۆزى ئىچمەي ھە دەپ ئاغىنىسىنى ئىچىشكە زورلاپتۇ.

— مەن يەنە ئىچسەم بولمايدۇ، تالاغا قارىسام ئاۋۇ يول ئىككى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— چاتاق يوق، يەنە ئىچىۋەرسەڭمۇ بولىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇ يول ساڭا ئۈچ كۆرۈنگەندە، ئاندىن مەپەڭنى ھەيدە!





# ئىككىلىسى توققۇز سەر

سەلەي چاققان شەھەردە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە گۆش ئېلىشقا چىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قاسساپقا:

— ئۇستام، ماڭا توققۇز سەر گۆش بەرسىلە، — دەپتۇ.

— سەلەي ئاخۇن، نېمە دەۋاتىدىلا؟ توققۇز سەر گۆش ھېسابقا توغرا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ قاسساپ.

— ئۇستام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمەلىيەتتە ئوخشاش گەپ. مەن ھەر قېتىم بىر جىڭ گۆش ئالغىنىمدا، سىلىنىڭ ماڭا بېرىدىغانلىرى ئاشۇ توققۇز سەر گۆشقۇ؟ ئىككىلىسى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟





www.uyghurkitap.com

# بىر كۆزۈم چاتاق

بىر يىلى سەلەي چاققان ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن شەھەرگە كېلىپ، ھارۋىسىنى سارايغا قويۇپتۇ. سارايۋەن:

— سەلەي ئاخۇن، ئالتە تەڭگە تاپشۇرسىلا، بۈگۈنكى ئويۇن ئىككى پەردە، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، مەن پەقەت ئۈچ تەڭگە تاپشۇرساملا بولغۇدەك، چۈنكى مېنىڭ بىر كۆزۈم چاتاق، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 50 داچەن بەرسەم بولار

بىر قېتىم سەلەي چاققان قوشنا مەھەللىدىكى مەشرەپكە بېرىپ، سەل كەيپ بولۇپ قاپتۇ. قايتىشىدا بىر بۇلاڭچى ئالدىنى توسۇپ:

— ھايات قالاي دېسەڭ، 100 داچەن تاپشۇر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان سەلەي چاققان:

— ئالدىمنى توسما، بۇرادەر، مەن ھازىر يېرىم ئۆلۈك، 50 داچەن بەرسەم بولار، — دەپتۇ جاۋابەن.





## بويۇم يەتمىسە

سەلەي چاققان دادىسىغا ئەگىشىپ كوچارغا بارغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كوچارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەلەي چاققان ۋە ئۇنىڭ دادىسىمۇ بار ئىكەن. ئاقساقال موللىلار ئارىسىدا «قىيامەت قاچان بولىدۇ» دېگەن ماۋزۇدا سۆھبەت قىزىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاققاننىڭ گەپ قىلغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، دېيەلمەي ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر چىدىيالماي بىرقانچە ئېغىز گەپ قىپتۇ.

— چوڭلار گەپ قىلغاندا ئېغىز غېرىچلىما، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ، — دەپتۇ دادىسى نوقۇپ.

— دادا، مەن دېگەن بىر كىچىك بالا. چوڭلارنىڭ ئاغزىغا بويۇم يەتمىسە، قانداق غېرىچلايمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

سۆھبەتكە قاتناشقان كوچارلىقلار:

— بالىسى مۇشۇنداق گەپدان بولغان يەردە، دادىسى قانچىلىك ياماندۇ، — دەپ ھەيران قاپتۇ.



# بىزنىڭ ئۆيگىلا كەلسە قانداق؟

ھاۋا قاتتىق تۇتۇلۇپ جۇدۇن بولۇۋاتقان بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، سەلەي چاققاننىڭ دەرۋازىسى قېقىلىپ:

— بېگىم ئاغرىپ قالغانىدى، ياردەملىرىگە موھتاجمىز، بېگىمنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويغان بولسىلا، — دەپتۇ بىر دورغا.

— كۆرۈپ قويۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىراق، ئېشىكىمنى باشقىلار سوراپ ئەكەتكەن، بېگىڭلار بىزنىڭ ئۆيگىلا كەلسە قانداق؟





# ئۇ قانداق قىلاركىن؟

ئوپال بازىرىدا بىر تەمەخور بىزەڭ موللا ئۆتكەنىكەن. بىركۈنى سەلەي چاققان بىلەن خوتۇنى چۇشلۇك تاماق يېمەكچى بولۇپ، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، خوتۇنى دېرىزە تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— دادىسى، قارىسىلا، ھېلىقى موللا يەنە كېلىۋاتىدۇ، كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ يەنە چۇشلۇك تاماق يېمىگەن ئوخشايدۇ.

سەلەي چاققان ئىككى تال چىش كولىغۇچنى ئېلىپ، بىرىنى ئايالىغا سۇنۇپ دەپتۇ:

— تېز بول، مېھمانخانىغا چىقىپ چىشىمىزنى كولىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالايلى. ئۇ قانداق قىلاركىن؟





# ئۆتنىگە لاپقۇت

سەلەي چاققان بىلەن خوتۇنى ناھايىتى ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىكەن. بىركۈنى سەلەي چاققان ھويلىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋېتىپ:

ــ خۇدايىم نېمىشقا ئايالLARنى چىرايلىق، ئەمما دۆت ياراتقاندۇ! ــ دەپ چاقچاق قىپتۇ.

ــ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ــ دەپتۇ خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ.

ــ قانداق؟

ــ بىز قىز ـ ئاياللار چىرايلىق بولغاچقا، سىلەر بىزنى ياخشى كۆرىسىلەر. بىز دۆت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز.

ــ پاھ، «ئۆتنىگە لاپقۇت» دېگەن مۇشۇكەن ـ دە، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.





# ئۆيمىزگە ئوت كەتكەندە

سەلەي چاققان ئاتۇشقا بارغاندا، بىر سودىگەر بايۋەچچە ئۇنى گەپتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن سوراپتۇ:

— ئاڭلىسام، سىلىنىمۇ خوتۇنىدىن قورقىدۇ، دەيدۇ. ئىككىڭلارنىڭ گېپى راستتىنلا بىر يەردىن چىقامدۇ؟

— قۇرۇق گەپ.

— ئۇنداق بولسا ھۆل گەپ قايسى؟

— خوتۇنۇم بىلەن توي قىلغاندىن بۇيان بىرلا قېتىم گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى.

— قاچان؟

— ئۆيىمىزگە ئوت كەتكەندە.

— قانداق بولۇپ؟

— شۇ چاغدا ئىككىمىز تەڭلا «ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىدۇق، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ھە؟ — دەپتۇ بايۋەچچە ھودۇقۇپ، ئۆزى ئۆتكەن جۇمە مۇشۇنداق ئىشنى باشتىن كەچۈرگىنىنى يادىغا ئېلىپ.



# مانا بۇگۇنلا چىقتى

مەھەللىدىكى بىرنەچچە ھۇرۇن، بىكار تەلەپ ياش بالىلار سەلەي چاققاننىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە قوغۇن، تاۋۇزلارنى ئۇزۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىشقا ھەيران قالغان سەلەي چاققانغا قاراپ:

— سەلەي ئاكا، قوغۇنلىرى بۇ يىل راسا ئوخشاپتۇ. ئۆزلىرى چېۋەر بولغاچ، قوللىرىنىڭ خاسىيىتىدە قوغۇنلۇقلىرىغا يا شومبۇيا چىقماپتۇ، يا توك چۈشۈپ كەتمەپتۇ، — دەپتۇ.

— راست ئۇكام، راست، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ، — سىلى دېگەندەك، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شومبۇيا چىقمىغانىدى. مانا بۇگۇنلا چىقتى.





# ئىككى خىل مۇھىملىق

سەلەي چاققان مەپكەش بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا بەك غەزەپلىنىدىكەن.

— سەلەي ئاخۇن ئۇستام، دادام بولالمايۋاتىدۇ، مەپلىرىنى ھەيدەپ، دادامنى شىپاخانىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىلا؟ — دەپتۇ يامۇلدا ئىشلىگەن بىر سىنىپنىڭ بالىسى يالۋۇرۇپ.

— مەنغۇ خالايتتىم. بىراق، ئۇنىڭدىن مۇھىم بىر ئىش بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

— بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم قانداق ئىشكىن ئۇ؟ — سوراپتۇ بالا.

— كەچۈرسىلە ئۇكام. مەپە بىلەن بەگنىڭ ئوغلىنى مەدرىسەگە ئاپىرىپ قويماقچىدىم. ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش بەك مۇھىم - دە، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ.





# قانچە پۇل ئىكەن؟

سەلەي چاققانىنىڭ ياشلىق دەۋرى ئىكەن. ئۇ توي قىلىدىغان قىز ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ سىلى چوڭ دادامنىڭ يېنىغا تۇگۇۋالغان نۇرغۇن پۇلى بار، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدۇ دېگەنتىلە. ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلەلەمدىلىمۇ؟

ــ تېخى تۇنۇگۈن بىلدىم، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

ــ ناھايىتى ياخشىغۇ، زادى قانچە پۇل ئىكەن؟ ــ دەپتۇ قىز.

ــ ئىككى... ــ دەپ قولىنى كۆرسىتىپتۇ سەلەي چاققان.

ــ نېمە، ئىككى؟ تېزراق دېسىلە، ــ دەپ ئالدىراپتۇ قىز.

ــ ئىككى تال قوۋۇرغىسى زەخىملىنىپ شۇنى تېڭىۋالغانىكەن، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.





# مۇنداق چاغلاردا...

بىركۈنى سەلەي چاققان ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ھەسەت قىلىدىغان بىر پىخسىق قوشنىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار قارىماققا بەك ئىناق ئۆتىدىكەنسىلەر. ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار قانداق چاغلاردا بىر يىكىرگە كېلەلمەي ئۇرۇشۇپ قالىسىلەر؟

— ئۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان قوشنىسىنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، — ئايالىم ئاتا - ئانىسىغا سوۋغا - سالام، زەللە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مەن دادام - ئانامغا پۇل بەرگەن چاغلاردىلا.

— مۇنداق دەڭ! — دەپتۇ قوشنىسى خىجىل بولۇپ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يېڭىلىق يارىتىش

سەلەي چاققان كەپتەر بېقىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى بىرنەچچە كەپتەرۋاز بىلەن سۆزلىشىپ قاپتۇ. گەپ ئارىلىقىدا سەلەي چاققان دەپتۇ:

ــ بۇرادەرلەر، بىلەمسىلەر؟ مەن ھازىر كەپتەر بىلەن شاتۇتنى شالغۇتلاشتۇرۇپ، يېڭى سورت يېتىشتۈرۈۋاتىمەن.

ــ نېمىشقا؟ ــ سوراپتۇ بىرسى.

ــ نېمىشقا بولاتتى؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ــ مۇبادا مۇنداق كەپتەر يولدىن ئادىشىپ قالسا، ئۇ ئۆزى يول سورىيالايدۇ ـ دە.





www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜 吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(13)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元 (全十册)

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر
国家民族文字出版专项资金资助项目




ISBN 978-7-5469-7808-6

10.00元

总定价：100.00元(全10册)

www.dudu-book365.com